# پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاياللارنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش

## —— شىنجاڭ ئاياللار كېسەللىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ئاياللار كېسەللىرى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ماھنۇر نىياز توغرىسىدا

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**
**يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر**

□ مۇخبىرىمىز لى لىن، پىراكتىكانت جاڭ شياۋخەن

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئىلمىي يىغىنغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەن ماھنۇر نىياز ئايروپورتتىن ئۇدۇللا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، ئوپېراتسىيە ئۆيىگە بىر كىرىپ كەتكىنىچە ئوپېراتسىيەدىن ئىككىنى قىلدى. بۇ، ماھنۇر نىيازنىڭ نۆۋەتتىكى نورمال خىزمىتى. بۇلتۇر 12 - ئايدا پېنسىيەگە چىققان ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا ئامبۇلاتورىيەگە چىقتى، لېكسىيە سۆزلىدى، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، ئاياللارنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاشنىڭ بىرىنچى سېپىدە رازىمەنلىك بىلەن جاپالىق ئىشلىدى.

ئۇ شاڭخەي تىببىي داشۆسىنى پۈتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئاياللار تۇغۇت بۆلۈمىدە 40 نەچچە يىل خىزمەت قىلدى؛ ياپونىيەگە بېرىپ كۆپ يىل ئوقۇدى، چەت ئەلدە خىزمەتكە تەكلىپ قىلىنغاندا رەت قىلىپ، يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى بولدى؛ شىنجاڭنىڭ بالىياتقۇ بويىنى راكى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇپ، ئۆز كوللېكتىپىنى يېتەكلەپ، 2010 - يىلى تۇنجى تۈركۈمدە دۆلەت كىلىنىكىلىق نۇقتىلىق مەخسۇس بۆلۈمگە مۇۋەپپەقىيەتلىك تاللاندى؛ ئۇدا ئۈچ نۆۋەت مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان مۇتەخەسسىس قاتارلىق نۇرغۇن ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشتى، پۈتۈن مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات تۈرىدىن 22 تۈرنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئۈستىگە ئالدى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 170 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى... ماھنۇر نىيازنىڭ تەرجىمىھالىنى ۋاراقلىغاندا، ئاددىي ئەمما كىشىنى قاماشتۇرىدىغان ئاجايىپ بىر ھېكايە ئوقۇغاندەك تۇيغۇغا ئىگە بولىسىز.

### ■ قەلبىگە يۇرتنى پۈكۈش كۈرەشنى توختاتماسلىق

«مەن مۇشۇ دوختۇرخانىدا تۇغۇلغان، خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن بىراقلا 40 نەچچە يىل ئىشلەپ كېتىشىمنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.» ماھنۇر نىياز مۇخبىرلارغا ئۆزىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتى بارلىقىنى ئېيتتى.

1976 - يىلى ماھنۇر نىياز شاڭخەي تىببىي داشۆسىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئاياللار تۇغۇت بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. ئىجتىھات بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئۇ ئۆزىنى ئۆگىنىشتە توختىماي ئالغا بېسىشقا ئىزچىل ئۈندەپ كەلدى. 1989 - يىلى، سەھىيە مىنىستىرلىقى ئىنقىلابىي كونا رايون، ئاز سانلىق مىللەت رايونى، چېگرا رايوندىكىلەر ياپون تىلى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىن تەربىيەلەيدىغان ئوقۇغۇچى تاللىدى. بۆلۈم مۇدىرىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، ماھنۇر نىياز تىزىملاتتى. كەسپىي ياپون تىلى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىمتىھانغا قاتنىشىپ «تېچۈەن تىببىي ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» بىلەن ئوقۇيدىغان تەتقىقاتچى - بىلىم ئاشۇرغۇچى ئوقۇغۇچىغا ئايلاندى. 1992 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە، 1998 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە ئىككى قېتىم ياپونىيەگە بېرىپ ئوقۇدى، 2003 - يىلى ياپونىيە تىببىي داشۆسىدە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى، ماھنۇر نىيازنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ ئارقىسىدا كۈرەش قىلىپ توختىماسلىق ھېكايىلىرى بار.

ياپونىيە تىببىي داشۆسىدە دوكتورلۇقنى پۈتكۈزۈشتىن ئىلگىرى، ماھنۇر نىياز يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىغا 16 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇردى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگەنگىنىگە چوڭقۇر ئاپىرىن ئوقۇدى.

كۆپ يىللىق چەت ئەلدە ئوقۇش ھاياتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇ چەت ئەلدىكى دوختۇرخانىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، يەنە يۇرتىغا قايتىپ كەلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا قايتىپ كەلدى.

### ■ بۇرچنى دادىل زىممىسىگە ئېلىش ساغلاملىقنى ئاسراش

ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماھنۇر نىياز شىنجاڭدا ئالدى بىلەن ھاملىگە بالىياتقۇ ئىچىدە دىياگنوز قويۇش تېخنىكىسى ۋە شىنجاڭنىڭ بالىياتقۇ بويىنى راكى تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاياللار كېسەللىرى ساھەسىدىكى يول ئاچقۇچىغا ئايلاندى.

ئۇزاق مۇددەت كىلىنىكا بىرىنچى سېپىدە ئىشلىگەن ماھنۇر نىياز شىنجاڭدىكى ئايرىم رايونلاردا بالىياتقۇ بويىنى راكى پەيدا بولۇش نىسبىتىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرىلىقىنى بايقىدى. ئۇ بالىياتقۇ بويىنى راكىنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىغا قارىتا، مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشلا ماھىيەتتىن تۈزەش تەدبىرىدۇر، دەپ قارىدى.

ئاخىرقى باسقۇچلۇق بالىياتقۇ بويىنى راكىنى داۋالاش خىراجىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغاچقا، كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىش ۋە كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ھادىسىلىرى بۇ خىلدىكى ئاغرىقلاردا بىرقەدەر گەۋدىلىك ئىدى. ھەر قېتىم داۋالىنىشقا پۇلى يوق ئاغرىقلارنى ئۇچراتقاندا، ماھنۇر نىياز دائىم مەردلىك بىلەن ياردەم قىلاتتى، لېكىن، ئۇ شەخسىي كۈچىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، كېسەل داۋالاشقا پۇلى بولماسلىق، كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا سىياسەت جەھەتتىن قوللاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىكىگە ئەمدىلا سايلانغان چاغدا، ئۇ شىنجاڭغا بالىياتقۇ بويىنى راكىنى ئىلغاپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش مەبلەغ ياردىمى بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، تۈر مەبلىغى ئوڭۇشلۇق ئەمەلىيلەشتى، ئۇدا بەش يىل شىنجاڭدا بالىياتقۇ بويىنى راكىنى ئىلغاپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2013 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 12 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا، ماھنۇر نىياز بالىياتقۇ بويىنى راكىنى ئىلغاپ تەكشۈرۈشكە دائىر ئەڭ يېڭى سانلىق مەلۇماتلارنى ئېلىپ، دۆلەتنىڭ بالىياتقۇ بويىنى راكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسىنى تېزدىن كىرگۈزۈپ، ئالدى بىلەن شىنجاڭ قاتارلىق بالىياتقۇ بويىنى راكىنىڭ يۈزبېرىشى يۇقىرى رايونلاردا ئەملەپ، بالىياتقۇ بويىنى راكى پەيدا بولۇش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، ئاياللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش - ساغلاملىق ئەھۋالىنى ياخشىلاش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. 2016 - يىلى 7 - ئايدا بالىياتقۇ بويىنى راكى ۋاكسىنىسى تۇنجى قېتىم دۆلەت ئىچىدە بازارغا سېلىندى.

2006 - يىلدىن باشلاپ 2018 - يىلغىچە، ماھنۇر نىياز ئاساسىي قاتلامغا كۆپ قېتىم چوڭقۇر چۆكۈپ، زور مىقداردا ئادەم ئەمچەك تۈپچىسى ئۆسمە ۋىرۇسى (HPV) بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى ھەم بالىياتقۇ بويىنى راكى پەيدا بولۇش نىسبىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى. بۇ مەزگىللەردە، ئۇ ئىلغاپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىللە جەمئىي 26 مىڭ ئادەم قېتىم ئىلغاپ تەكشۈرۈشنى تاماملاپ، شىنجاڭدا بالىياتقۇ بويىنى راكى پەيدا بولۇشقا دائىر بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى ئىگىلەپ، شىنجاڭ بالىياتقۇ بويىنى راكى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇپ، بالىياتقۇ بويىنى راكىغا گىرىپتار بولۇشتىن ئىلگىرىكى كېسەللىك ئۆزگىرىشى، بالىياتقۇ بويىنى راكى پەيدا بولۇش ئەھۋالى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلمىي تەتقىقات ئۈچۈن قىممەتلىك سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىدى.

ماھنۇر نىياز بىر تەرەپتىن ئىلغاپ تەكشۈردى، بىر تەرەپتىن ھەر خىل سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ، بالىياتقۇ بويىنى راكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى. ھازىرغا قەدەر، ئۇ 1000 قېتىمدىن ئارتۇق ھەر خىل چوڭ - كىچىك لېكسىيە ئۇيۇشتۇردى، بالىياتقۇ بويىنى راكىنى ئىلغاپ تەكشۈرۈشنىڭ يېڭى تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت داۋاملاشما مائارىپ ئۆگىنىش كۇرسىدىن 46 قېتىم ئاچتى، بالىياتقۇ بويىنى راكى بىلىملىرى بويىچە تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىلغان ئاساسىي قاتلام تىببىي خادىملىرىنىڭ جەمئىي سانى 3000دىن ئارتۇق ئادەم قېتىمغا يەتتى.

### ■ مېھرىبان دوختۇر بولۇش ئىلىم - پەننى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش

مېھرىبان دوختۇر بولۇش. ماھنۇر نىياز كېسەل كۆرگەندە دائىم ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەيتتى، ھەر قېتىم ئەڭ ئاخىرقى بىر كېسەلنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشتىن چۈشۈشتە چىڭ تۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: بەزى ئاغرىقلار يىراقتىن كېلىدۇ، ئەگەر كېلەر قېتىم كېسەل كۆرۈشكە قېپقالسا، ئۇلارنىڭ چىقىمى ئېشىپ كېتىدۇ.

ماھنۇر نىياز ئاغرىقلارغا كۆڭۈل بۆلەتتى، سەۋرچان ئىدى، ئوقۇغۇچىلىرىنى قاتتىق باشقۇراتتى، ئۇلارغا كۆيۈنەتتى. شىخەنزە داشۆسى ۋە شىنجاڭ تىببىي داشۆسى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماگىستىر، دوكتور يېتەكچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ماگىستىر، دوكتور ئاسپىرانتتىن جەمئىي 56نى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. ئۇ ئوقۇغۇچىلاردىن كىلىنىكىلىق ماھارەتنى ئىگىلەپ، پەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، يەنە ئىلىم - پەن جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىپ، پۇقرالار ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ دائىم ئوقۇغۇچىلارغا باشلامچىلىق قىلىپ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى.

مەخسۇس بۆلۈم ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ياخشى قىلىش ئۈچۈن، ماھنۇر نىياز 2008 - يىلى ئاياللار تۇغۇت بۆلۈمى تەتقىقات ئىشخانىسىنى باش بولۇپ قۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ئاياللار تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ پەن تەتقىقات ۋە ئىلىم - پەن قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سەھنە ھازىرلاپ بەردى. ئۇ ئۆمۈر بويى ئۆگەنگەنلىرىنى كوللېكتىپىدىكى ھەربىر دوختۇرغا ئايىماستىن ئۆگىتىپ، كوللېكتىپقا باشلامچىلىق قىلىپ 2010 - يىلى تۇنجى تۈركۈمدە دۆلەت كىلىنىكىلىق نۇقتىلىق مەخسۇس بۆلۈمگە مۇۋەپپەقىيەتلىك تاللاندى، بۇ، داۋالاش كىلىنىكا ئىلمىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىلغار سەۋىيەسىگە يەتكەنلىكىنىڭ دەلىلى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىشك ئالدى ئىستراھەت ساياھىتىمۇ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈردى. كىرىش بېلىتى ھەقسىز بولۇش، يۆبلىك سوۋغا قىلىش، شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن مەنزىرە رايونلىرى ئېتىبار بېرىش پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇپ، ساياھەتچىلەرنى ئۆيىدىن چىقىپ مەنزىرە رايونلىرىغا بېرىشقا جەلپ قىلدى. شىنجاڭ قەدىمىي ئېكولوگىيە باغچىسى ئۆتكۈزگەن «ئاي نۇرىغا چۆمگەن زېمىن مۇھەببەتكە تولغان دۇنيا» پائالىيىتى نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. شىنجاڭ ياۋا ئات مەدەنىيەت تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچى خادىمى لىيۇ جىيېنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، جۇڭچيۇ بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە ھەر كۈنلۈك ساياھەتچى 1900دىن 2000 ئادەمگىچە بولۇپ، ئادەتتىكى ۋاقىتتىكىدىن 20% ئەتراپىدا كۆپ بولغان.

نۇرغۇن ساياھەتچى ئائىلە بويىچە ساياھەتكە چىقىشنى تاللىغان بولۇپ، باللىرىنى، چوڭلارنى ئېلىپ ساياھەتكە چىققان ساياھەتچىلەر 30% ئەتراپىدا بولدى. ئۈرۈمچى نەنشەننەن مەدەنىيەت - ساياھەت تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ دىرېكتورى گۈلتاي مۇنداق دېدى: «ھازىر مەنزىرە رايوننىڭ تېمپېراتۇرىسى مۇۋاپىق، مەنزىرىسىمۇ ناھايىتى ياخشى، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلغان، باللىرىنى ئېلىپ ساياھەت قىلغان ساياھەتچىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، نۇرغۇن ئائىلە جۇڭچيۇ بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ مەنزىرە رايونىغا كېلىپ سەيلە - ساياھەت قىلىشنى تاللىدى».

نارات مەنزىرە رايونى يولغا قويغان ئېتىبار پائالىيىتى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە بولۇپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ساياھەتچىلەر كىملىكى بىلەن ئون يۈەنلىك ئېتىبارلىق ئىشك بېلىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. شىنجاڭ ئىچىدىكى ساياھەتچىلەر 47 يۈەنلىك ئالاھىدە ئېتىبارلىق ئىشك بېلىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئىشك بېلىتى باھاسىنى تۆۋەنلىتىش ئېتىبار پائالىيەتلىرى ساياھەتچىلەرنىڭ مەنزىرە رايونلىرىغا بېرىپ تاماشا قىلىش ئارزۇسىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى.

توغراق كۆرۈپ كۈزلۈك مەنزىرىدىن ھوزۇرلىنىش دەم ئېلىش كۈنى ساياھىتىدىكى كىشىنى جەلپ قىلىدىغان تاللاش تۈرىگە ئايلاندى. لوپنۇر ناھىيەسىدىكى لوپنۇرلۇقلار كەنتى مەنزىرە رايونى تەكلىماكان قۇملۇقى ئېلېكترونلۇق مۇزىكا بايرىمى ئۆتكۈزدى، ساياھەتچىلەر توغراقتىن ھوزۇرلىنىش بىلەن بىللە، قۇملۇقتىكى بىر مەيدان كاتتا ئۇن - سىن زىياپىتىدىن بەھرىلەندى. جۇڭچيۇ بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە لوپنۇر ناھىيەسى جەمئىي 44 مىڭ 455 ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋېلىپ، 7 مىليون 356 مىڭ 800 يۈەن ساياھەت كىرىمىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 44.55% ۋە 69.56% ئاشۇردى.

---

**دىققەتنى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە مەركەزلەشتۈرۈش**

# بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ قالتىس نەتىجىلەرنى يارىتىش

## شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئالتە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى

مۇخبىرىمىز جىڭ يىيۈەن خەۋەر قىلىدۇ: بىرنەچچە كۈندىن بۇيان جىمجىت تۇرۇۋاتقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئالتۇن مېدالنى قولغا كەلتۈرۈش كۈنىنى كۈتۈۋېلىپ، جەمئىي ئالتە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، كۈز يامغۇرى يېغىۋاتاتتى، 11 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بۇقچىلاپ ئارقان تارتىشىش تۈرىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى جېڭجوۇ داشۆسىدە ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇقچىلاپ ئارقان تارتىشىش كوماندىسىنىڭ ئۈچ تەنھەرىكەتچىسى ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چۈشۈپ، مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن قارشى تەرەپنى ئاسانلا يېڭىپ، ئەڭ يۇقىرى مۇكاپات سەھنىسىگە چىقتى.

ئالدى بىلەن مەيدانغا چىققان شىنجاڭلىق ماھىر پولات بۆكەي ماھارەت جەھەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن كېلىپ، ئۈچ مەيداندا ئىككى مەيدان يەڭسە غەلىبە قىلىدىغان مۇسابىقىدە شىزاڭلىق ماھىر جۇ زوكانى ئاسانلا يېڭىپ، بۇ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تۇنجى چېمپىيونى بولدى. ئارقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن 85 كىلوگراملىقلارنىڭ بۇقچىلاپ ئارقان تارتىشىش مۇسابىقىسىدە، شىنجاڭنىڭ 45 ياشلىق پېشقەدەم ئۆزبېك ماھىرى ئابلەت قاربوللا ئارقا - ئارقىدىن ئىككى مەيدان يېڭىپ، سىچۇەنلىك ماھىر چېن يوۋگۈينى ئاسانلا مەغلۇپ قىلدى. بۇقچىلاپ ئارقان تارتىشىش مۇسابىقىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈرى 95 كىلوگراملىقلارنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى بولۇپ، شىنجاڭلىق قازاق ماھىر ئارغىن قۇمار ئىككى مەيداندىلا شاڭخەيلىك ماھىر ما ۋېينى يېڭىپ چېمپىيون بولدى. بۇ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بۇقچىلاپ ئارقان تارتىشىش كوماندىسى جەمئىي ئۈچ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۈچ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بۇقچىلاپ ئارقان تارتىشىش ئۆملەپ ئارقان تارتىشىدىغان تەنھەرىكەت تۈرى بولۇپ، مۇسابىقىلىشىدىغان ئىككى ماھىر مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆملەش ھالىتىدە تۇرىدۇ، شايى رەختنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئىككىسى مۈرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ باغلاپ، قارمۇقارشى يۆنىلىشتە تارتىپ ئۆملەيدۇ، بەلگىلەنگەن دائىرىدىن تارتىپ ئۆتكۈزەلىگەنلەر غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

«ئىتتىپاقلىق كۈچنى مۇجەسسەملەيدۇ» شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇقچىلاپ ئارقان تارتىشىش كوماندىسىنىڭ تىرېنېرى لۇ شىنگۈي ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «كوماندىمىزدا سەككىز تەنھەرىكەتچى بار، تۆت مىللەتتىن تەركىب تاپقان، كۆپچىلىك سەممىي ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا مەدەت بېرىشىپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇردى».

شۇ كۈنى، مۇسابىقە مەيدانىدىن يەنە خۇش خەۋەر تارقالدى، ماھارەت كۆرسىتىش تۈرىدە، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ دارۋازلىق، سارغايدى، مەررە توپ كوماندىلىرىنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىنىپ، ھەممىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇقچىلاپ ئارقان تارتىشىشتا ئېرىشكەن ئۈچ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتنى قوشقاندا، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە جەمئىي ئالتە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

---

**گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى**

# دائىم مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى قەلبىدە ساقلاش
# دائىم مىننەتدار بولۇپ ئىش قىلىش

□ توقسۇ ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەخەت مىجىت

مەن كىچىكىمدىن يېزىدا ياشىغان، خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىنمۇ ئالدى بىلەن يېزا - بازاردا خىزمەت قىلدىم. يېزا - بازاردا خىزمەت قىلغان ئون نەچچە يىلدا، مەن ھەر مىللەت ئاممىسىدا كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ ۋە يۈرۈش - تۇرۇش جەھەتلەردە غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىگە گۇۋاھ بولدۇم، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى.

1996 - يىلى مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەن شايار ناھىيەسى يېڭىمەھەللە يېزىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىم. يېزا - بازاردا خىزمەت قىلىش جەريانىدا، مەن يوللارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئەڭ روشەن ھېس قىلدىم. ئەمدىلا خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقىتتا، كەنتكە چۈشۈپ ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلغاندا، ۋېلسىپىت مىنىپ باراتتىم، ئىلگىرى كەنتتىكى يوللارنىڭ كۆپىنچىسى توپا يول ئىدى، يامغۇر ياغسا ياكى قار ياغسا يوللار پاتقاق بولۇپ كېتەتتى، ئامالسىز كەنتتە يول يۈزىنىڭ قۇرۇشىنى ساقلاپ تۇرۇپ ئاندىن يېزىغا قايتاتتىم. يوللار تار بولغاچقا، سىرتتىن چوڭ ئاپتوموبىللار كىرەلمەيتتى، كەنت ئاھالىلىرىمۇ يەرلىرىگە تېرىغان تاۋۇز، لازا، شوخلا قاتارلىق مېۋە، كۆكتاتلىرىنى سىرتقا توشۇپ چىقىرالمايتتى. ھازىر كەنتلەرگە ئاسفالت يوللار تۇتاشتۇرۇلدى، يوللار كېڭەيتىلدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تېرىغان مېۋە، كۆكتاتلىرى سىرتقا ئوڭۇشلۇق توشۇپ چىقىرىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىلدى. دېھقانلار بېيىدى، يېزا - كەنتلەر گۈزەللەشتى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەخت كۆرسەتكۈچى زور دەرىجىدە ئۆستى.

ھازىر ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى كادىرلار ۋە كەنت ئاھالىلىرى قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشتى، ئىدارىلەردە دائىم كادىرلارنىڭ: «مەن بۇ ھەپتە يېزىغا بېرىپ تۇغقىنىمنى يوقلىدىم، ئۇنىڭ ھويلا - ئارانلىرى بارغانسېرى چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ؛ كەنتتە دائىم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ: «تۇغقىنىم ئۆيىگە كەپتۇ، مەن ئۇنىڭدىن يەنە يېڭى بىلىم ئۆگەندىم» دېگىنىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق، لېكىن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار تۇغقانلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇلار بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئەمگەك قىلىپ، بىللە پاراڭلىشىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، قېرىنداشلاردەك ئىناق ئۆتىدىغان مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ياخشى ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. ھازىر دېھقانلار ئاشلىق تېرىسا ياردەم تولۇقلىمىسىغا ئېرىشىدۇ، باقمىچىلىق قىلسا ياردەم تولۇقلىمىسىغا ئېرىشىدۇ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىۋالسا ياردەم پۇلىغا ئېرىشىدۇ، ئۆي سالسا ياردەم پۇلىغا ئېرىشىدۇ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا تۆۋەن كاپالەت بار، داۋالانسا داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بار، «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان» كىشىلەر دۆلەت تەرىپىدىن بېقىلىدۇ، باللار مەكتەپكە كىرسە ئوقۇش ھەققى تاپشۇرمايلا قالماي، يەنە ھەقسىز ياتاق ۋە چۈشلۈك تاماق بار، تۇرمۇش كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى.

بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى كۈنسېرى يۈكسەلدى، خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىدا ئارقا - ئارقىدىن خۇشاللىقلار بولدى. بۇ بارلىق نەتىجىلەر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان سەممىي غەمخورلۇقىدىن بولغان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرغانلىقى، ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكىنىڭ پايدىسىدىن بولغان، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان خالىس ياردىمىنىڭ پايدىسىدىن بولغان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىپ تىرىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ پايدىسىدىن بولغان.

دائىم مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى قەلبىدە ساقلاش، دائىم مىننەتدار بولۇپ ئىش قىلىش. پارتىيە كۆپ يىل تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن باشتىن - ئاخىر ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خالىس ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان روھىي ھالەتنى ساقلاپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن. ئىشىنىمەنكى، ھەر مىللەت كادىر، ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى جەزمەن بارغانسېرى گۈزەل بولىدۇ.